# قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋاقتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش

## ـــــ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

**(2020 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، بېيجىڭ)**

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ**

**ھۆرمەتلىك پادىشاھ سالمان،**
**ھەرقايسى خىزمەتداشلار:**

كۆپچىلىك ياخشىمۇسىلەر! ئالدى بىلەن، مەن پادىشاھ سالمان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىن ئۈچۈن نۇرغۇن ئالاقىلىشىش، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەنلىكىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى، جۇڭگو خەلقى خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، ئومۇمىي خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش ـ بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر مەيدان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلق ئۇرۇشىنى قوزغىدى. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، غايەت زور قۇربانلىق بەردى، نۆۋەتتە، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كەلدى، بىراق بىز يەنىلا ھوشيارلىقىمىزنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويساق بولمايدۇ.

جۇڭگو تەرەپ ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن ئەزاسى جۇڭگو تەرەپكە سەممىي ياردەم ۋە مەدەت بەردى، بىز باشتىن ـ ئاخىر بۇ دوستلۇقنى ئەستە چىڭ ساقلايمىز ھەم قەدىرلەيمىز.

ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەل پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىغا يامراپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا غايەت زور تەھدىت ئېلىپ كەلدى، يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىگە غايەت زور خىرىس ئېلىپ كەلدى، ۋەزىيەت كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ھازىر، خەلقئارا جەمئىيەت ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ تاقابىل تۇرۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەتنىڭ بۇ مەيدان ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە غەلىبە قىلىش.

بۇ ھەقتە، مەن تۆۋەندىكىدەك تۆت تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى خالايمەن.

**بىرىنچى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش يەر شارىۋى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك.** خەلقئارا جەمئىيەت جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇشى كېرەك. مەن بۇ ھەقتە مۇنداق تەكلىپ بېرىشنى خالايمەن: 20 دۆلەت گۇرۇھى سەھىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىنى بالدۇرراق ئېچىپ، ئۇچۇردىن تەڭ بەھرىلىنىشنى كۈچەيتىپ، دورا، ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ چېگرا ھالقىپ تارقىلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش كېرەك. قول تۇتۇشۇپ ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى ئاجىز بولغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. مەن 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا ياردەم بېرىش تەشەببۇسىنى چىقىرىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇچۇر ئالاقىسى، سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇش، ھەرىكەت ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. جۇڭگو تەرەپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى چىڭ ئىگىلەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى پايدىلىق ئۇسۇللاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، دورا ۋە ۋاكسىنىنى بىرلىشىپ تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى قانات يايدۇرۇشنى ھەم يۇقۇم تارقالغان دۆلەتلەرگە چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ.

**ئىككىنچى، خەلقئارا بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش ـ بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك.** ۋىرۇسنىڭ دۆلەت چېگراسى بولمايدۇ. يۇقۇم بىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنىمىز. ھەرقايسى دۆلەتلەر جەزمەن قول تۇتۇشۇپ ئەڭ پۇختا بولغان بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش ـ بىرلىشىپ تىزگىنلەش تورىنى تارتىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تور بىلىملىرى مەركىزى قۇرۇپ، بارلىق دۆلەتلەرگە ئېچىۋەتتى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كۈچىنى توپلاپ، ئورتاق ھەمكارلىشىپ دورا، ۋاكسىنا، كۆزىتىپ ئۆلچەش قاتارلىق جەھەتلەردە پەن تەتقىقات ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلىتىپ، تىرىشىپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە نەپ يەتكۈزىدىغان بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. رايون ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئالاقە مېخانىزمىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئىنكاس قايتۇرۇش سۈرئىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

**ئۈچىنچى، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى پائال قوللاش كېرەك.** جۇڭگو تەرەپ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلمىي، مۇۋاپىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، يۇقۇمنىڭ چېگرا ھالقىپ تارقىلىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن توسۇشنى قوللايدۇ. مەن شۇنى تەۋسىيە قىلىمەن: 20 دۆلەت گۇرۇھى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۇچۇرلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۆرسەتمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشى كېرەك. 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ ئالاقىلىشىش، ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسەت جەھەتتىكى سۆزلىشىش ۋە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇۋاپىق پەيتتە يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش كېرەك. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە، ئالاقىدار خەلقئارا ۋە رايون تەشكىلاتلىرىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ.

**تۆتىنچى، خەلقئارا ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.** يۇقۇم پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېھتىياجىغا ئومۇميۈزلۈك زەربە بولدى، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىرلىشىپ ماكرولۇق سىياسەتنىڭ تاقابىل تۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشكە پېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك مالىيە ۋە پۇل سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پۇل پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەر شارىۋى پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغداش كېرەك، جۇڭگو خەلقئارا بازارنى خام ماتېرىيال دورا، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئاياللار، باللارنى قوغداپ، ياشانغانلار، مېيىپلار قاتارلىق ئاجىز توپنى قوغداپ، خەلقنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. جۇڭگو ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى ۋە پۇختا، ساغلام پۇل سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، ئىمپورتنى پائال كېڭەيتىپ، تاشقى سېلىنمىنى كېڭەيتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

مەن 20 دۆلەت گۇرۇھى ئەزالىرىنىڭ ئورتاق تەدبىر قوللىنىپ، تاموژنا بېجىنى كېمەيتىپ، كەچۈرۈم قىلىپ، توسۇقنى بىكار قىلىپ، سودىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كۈچلۈك سىگنال تارقىتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇشنى مۇراجىئەت قىلىمەن. بىز 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈشىمىز ھەم يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماكرولۇق سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇش توغرىسىدا ۋاقتىدا زۆرۈر مېخانىزم خاراكتېرلىك ئالاقە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك.

ھەرقايسى خىزمەتداشلار!

مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە، بىز خىرىسقا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، تېز ھەرىكەتكە كېلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پەقەت بىز جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولساقلا، چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبە قىلىپ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى كۈتۈۋالالايمىز!

كۆپچىلىككە رەھمەت.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىگە غايەت زور خىرىس ئېلىپ كەلدى. شى جىنپىڭ يىغىننىڭ قارالمىسى توغرىسىدا تۆت نۇقتىلىق تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش يەر شارىۋى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك. 20 دۆلەت گۇرۇھى سەھىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىنى بالدۇرراق ئېچىپ، ئۇچۇردىن تەڭ بەھرىلىنىشنى كۈچەيتىپ، دورا، ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ چېگرا ھالقىپ تارقىلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ، قول تۇتۇشۇپ ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى ئاجىز بولغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. مەن 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا ياردەم بېرىش تەشەببۇسىنى چىقىرىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇچۇر ئالاقىسى، سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇش، ھەرىكەت ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. جۇڭگو تەرەپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى چىڭ ئىگىلەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى پايدىلىق ئۇسۇللاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، دورا ۋە ۋاكسىنىنى بىرلىشىپ تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى قانات يايدۇرۇشنى ھەم يۇقۇم تارقالغان دۆلەتلەرگە چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ.

ئىككىنچى، خەلقئارا بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش ـ بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تور بىلىملىرى مەركىزى قۇرۇپ، بارلىق دۆلەتلەرگە ئېچىۋەتتى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كۈچىنى توپلاپ، ئورتاق ھەمكارلىشىپ دورا، ۋاكسىنا، كۆزىتىپ ئۆلچەش قاتارلىق جەھەتلەردە پەن تەتقىقات ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. رايون ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئالاقە مېخانىزمىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

ئۈچىنچى، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى پائال قوللاش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلمىي، مۇۋاپىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈشنى قوللايدۇ. مەن شۇنى تەۋسىيە قىلىمەن: 20 دۆلەت گۇرۇھى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۇچۇرلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۆرسەتمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشى كېرەك. 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ ئالاقىلىشىش، ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇۋاپىق پەيتتە يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش كېرەك.

تۆتىنچى، خەلقئارا ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەر بىرلىشىپ ماكرولۇق سىياسەتنىڭ تاقابىل تۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشكە پېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك مالىيە ۋە پۇل سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، يەر شارىۋى پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشى، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشى كېرەك. جۇڭگو خەلقئارا بازارنى خام ماتېرىيال دورا، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەشنى زورايتىدۇ. ئاجىز توپنى قوغداپ، خەلقنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. جۇڭگو ئاكتىپ مالىيە سىياستى ۋە پۇختا، ساغلام پۇل سىياستىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، ئىمپورتنى پائال كېڭەيتىپ، تاشقى سېلىنمىنى كېڭەيتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنداق مۇراجىئەت قىلدى: 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى ئورتاق تەدبىر قوللىنىپ، تاموژنا بېجىنى كېمەيتىپ، كەچۈرۈم قىلىپ، توسۇقنى بىكار قىلىپ، سودىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كۈچلۈك سىگنال تارقىتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇشى كېرەك. 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈش ھەم يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماكرولۇق سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇش توغرىسىدا ۋاقتىدا زۆرۈر مېخانىزم خاراكتېرلىك ئالاقە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ ئاخىردا مۇنداق تەكىتلىدى: مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە، بىز خىرىسقا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، تېز ھەرىكەتكە كېلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پەقەت بىز جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولساقلا، چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبە قىلىپ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى كۈتۈۋالالايمىز. **(سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 2 ـ بەتتە)**

بۇ يىلقى 20 دۆلەت گۇرۇھى رەئىس دۆلىتى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پادىشاھى سالمان باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى ۋە مېھمان دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ھەمدە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى، دۇنيا بانكىسى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ھەرقايسى تەرەپلەر سۆزدە بىردەك مۇنداق قارىدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۇنيا مىقياسىدا تېز سۈرئەتتە يامراپ، دۇنيا ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە يەر شارىۋى ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە، سىياسىيغا غايەت زور سەلبىي تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئورتاق كرىزىس ئالدىدا، ھەرقانداق بىر دۆلەت ئۆزىنىلا ئويلىسا بولمايدۇ، خەلقئارا جەمئىيەت ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئىتتىپاقلىشىش ۋە ھەمكارلىششقا تېخىمۇ موھتاج، تېزدىن ماسلىشىپ، كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىشىنى ئۈنۈملۈك ئۈزۈپ تاشلاپ، دورا ۋە ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش قاتارلىق پەن تەتقىقات ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى كۈچلۈك قوغداش كېرەك. ئۈنۈملۈك مالىيە ۋە پۇل سىياستى قوللىنىپ، يەر شارىۋى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يەر شارىۋى پۇل مۇئامىلىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تېزدىن جانلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تۆۋەنلىتىش كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەر دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە ئاجىز توپنىڭ تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەردى.

باشلىقلار يىغىنىدا «20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنى باياناتى» ئېلان قىلىندى.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، شياۋ جيې، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ باشچىلىقىدا، سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ يىغىن يەر شارىۋى ھەمكارلىققا تۈرتكە بولۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، دۇنيا ئىقتىسادىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۈچىنى مەركەزلەشتۈرگەندىلا، يۇقۇمنىڭ تەرەققىي قىلىش يۈنىلىشى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بەردى. مەن يەنە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەمدە خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى مەبلەغ بىلەن قوللىغانلىقىغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ خەيرلىك ئىش يەر شارىۋى ئىتتىپاقلىشىش، ھەمدەم بولۇش روھىنى نامايان قىلدى، بۇ، يۇقۇمنى تېزدىن توسۇشتا ئىنتايىن مۇھىم.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە تەن دېسەي ھەم دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگو تەرەپ بىلەن قويۇق ھەمكارلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغانلىقىنى يۇكسەك ئالقىشلاپ، مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىش ۋەزىيىتى ئۆزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىدى ۋە كېڭەيدى، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا پائال نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بىز دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتىكى باسقۇچ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى توغرا ئىگىلەپ، ۋاقىت ۋە ۋەزىيەتكە قاراپ خىزمەتنىڭ كۈچەش نۇقتىسى ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى تەڭشەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سىزنىڭ يېتەكچىلىكىڭىزدە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، جۇڭگو سىزنىڭ ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىدا پائال رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشلىرىنى داۋاملىق قەتئىي قوللايدۇ. جۇڭگو ئىزچىل ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى پائال قوللاپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا تەشكىلات ھەم 80 نەچچە دۆلەتنى ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. جۇڭگو تەرەپ چامى يەتكەن دائىرىدە، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى داۋاملىق قوللايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. خەلقئارا جەمئىيەت ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇشى كېرەك. بىز دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەم ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىللە، يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايمىز.